شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
12
سەيشەنبە
维吾尔文 11 月12日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24877 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ ئافىناغا يېتىپ باردى

## گرېتسىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى باشلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئافىنا، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار يۈ شۆيشۆي، لى جيەنمىن)** شۈ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئافىنا خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ بېرىپ، گرېتسىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى باشلىدى.

شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن مەخسۇس ئايروپىلان بۆلمىسىدىن چىققاندا، گرېتسىيە دىپلوماتىيە مىنىسترى دېندىياس قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئايروپىلان شوتىسى يېنىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى. ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قىزىل پاياندازنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، نەزەر سالامى بەردى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ۋە گرېتسىيە خەلقىگە سەمىمىي سالام يوللىدى ۋە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ گرېتسىيە زۇڭتۇڭى پاۋلوپوۋلوس بىلەن سۆھبەتلەشتى

## گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس بىلەن سۆھبەتلەشتى



شۈ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئافىنادا گرېتسىيە زۇڭتۇڭى پاۋلوپوۋلوس بىلەن سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتىن بۇرۇن، پاۋلوپوۋلوس شى جىنپىڭ ئۈچۈن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن پاۋلوپوۋلوس ۋە رەپىقىسى فىلاسىيا بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەكتە. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياۋ داۋېي فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئافىنا، 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جەي ۋېي، خۇاڭېن جيازى، ۋېي جيەنخۇا)** شۈ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئافىنادا گرېتسىيە زۇڭتۇڭى پاۋلوپوۋلوس بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيلىك سۆزلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن شەرق ـ غەرب مەدەنىي قەدىمىي دۆلەتلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەقدىم قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن مەدەنىيلىككە بولغان ھۆرمەت ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد بىلەن گرېتسىيەگە كەلدىم. ھەر قېتىمقى سىز بىلەن بولغان سۆھبەت، ھەر قېتىمقى جۇڭگو بىلەن گرېتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش «ئۇچراشقاندا مىڭ قەدەھمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دېگەندەك ئورتاق تونۇش پەيدا قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جۇڭگو بىلەن گرېتسىيە ئىككى چوڭ مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوخشاش ياكى يېقىن ئىدىيەگە ئىگە، شۇنداقلا ئىنتايىن جاپالىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ دۆلەتنىڭ زامانىۋى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. جۇڭگو ـ گرېتسىيە دوستلۇقى ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىككى چوڭ مەدەنىيلىكنىڭ سۆزلىشىشى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، مەن ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامان ـ ماكان ھالقىغان مەدەنىيلىك نەتىجىلىرى ئارقىلىق، ھەممىنى قوبۇل قىلىدىغان مەدەنىيلىك ئالاقىسىگە تۆرتكە بولۇپ، تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا تەرتىپنى تەشەببۇس قىلىپ، جۇڭگو ـ گرېتسىيە ئىككى مەدەنىي قەدىمىي دۆلەتنىڭ يېڭى دەۋردە يېڭى نۇر چېچىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

# پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

## چېن چۈەنگو دوكلات بەردى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو دوكلات بەردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى نەيىم ياسىن دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

دوكلات بېرىش يىغىنىدا، چېن چۈەنگو باش تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلەپ، ئومۇمىي يىغىن «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى سىستېمىلىق يېشىپ چۈشەندۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تونۇشى، تەسىراتىنى سۆزلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقاندا ئاچقان بىر قېتىملىق ئىجادىيلىققا، ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان «قارار»دا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئىدىيە چوڭقۇرلۇقىدىن چۈشەندۈرۈش مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش

—— پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

2 ـ بەتتە

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 70 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 70 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 ـ يىللىق نىزام چىقىرىش خىزمىتى پىلانى»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى» قاتارلىق ئىشلار تەتقىق قىلىندى، قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي نىزام چىقىرىشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئىلمىي نىزام چىقىرىش، دېموكراتىك نىزام چىقىرىش، قانۇن بويىچە نىزام چىقىرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، نىزام چىقىرىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

# بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش باغۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ بېيىش ئىشەنچىنى ئاشۇردى

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

□مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇڭفېي

ھەر كىلوگرامى 13 يۈەندىن 15 يۈەنگە ئۆستى، بۇ سېتىۋېلىش پەسلىدە، ياڭاق باھاسىنىڭ ئۆرلىشى خوتەن ناھىيەسىدىكى ياڭاق ئۆستۈرگۈچىلەرنىڭ چېھرىدە كۈلكە جىلۋىلەندۈردى. خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچى بازىرى يېزىباغ كەنتى ئانا تۇپراق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى 136 دېھقان ئائىلىسى ياڭاقتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا كىرىمنى 380 مىڭ يۈەن كۆپەيتتى. «بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش بىزنى خاتىرجەم قىلدى، كىرىمىمىزنى كۆپەيتتى» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بۇ كوپېراتىپنىڭ كېڭەش باشلىقى جۈمەنىياز ياسىن.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كۈچ قوشۇش، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىدىغان ئاساسلىق بانكا بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى بۇ يىل مېۋە ـ چېۋە سېتىۋېلىش مەبلىغىدىن جەمئىي 2 مىليارد 350 مىليون يۈەن تەستىقلىدى، نۆۋەتتە، مېۋە ـ چېۋە سېتىۋېلىش مەبلىغىدىن 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن تارقاتتى.

### بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش بازار ئىشەنچىنى ئاشۇردى

«نۆۋەتتە، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۈرۈھى بىز بىلەن ياڭاق مېغىزى سېتىۋېلىش زاكىزى ئىمزالىدى، بىز دېھقانلارنى ياڭاق چېقىشقا تەشكىللىدۇق. دېھقانلار ياڭاق سېتىشتىن غەم قىلمايلا قالماي، بەلكى يەنە ياڭاق چېقىشتىن كېلىدىغان ئىش ھەققىگىمۇ ئىگە بولدى، كىرىمى ئىلگىركى يىللاردىكىدىن يۇقىرى بولدى» دېدى جۈمەنىياز ياسىن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئىشچىلار شىنجاڭ سۇنىڭ ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتىدە مال توشۇماقتا. بۇ شىركەت 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سائەت 0 دىن باشلاپ مال تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كىردى، مۆلچەرلىنىشىچە، مال تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈش مىقدارى 60 مىڭغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20% ئېشىشى مۇمكىن. □مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

«قوش 11»دە تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈش ئالدىراش بولۇپ كەتتى

# ئىختىساسلىقلار تەدبىرىنى يېڭىلاش ئۇۋا ياساپ سۇمۇرغ جەلپ قىلىش

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

□مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش تەجرىبە بىناسىدا، بۇ مەكتەپنىڭ تېببىي قۇرۇلۇش تېخنىكىسى شۆبىسىنى فىزىكا ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرنىسا غالىپ ھەم ئۇنىڭ كوللېكتىپى ئوپتىكىلىق تەسۋىر ھاسىل قىلىش ئاپپاراتى، ئۆلچەش ـ سىناش ئۈسكۈنىسى ۋە ئوپتىكىلىق تەكشۈرۈش يېڭىنىسىدىن پايدىلىنىپ بالىياتقۇ بويىنى راكى ھۈجەيرىسى قاتارلىق بىيو ئەۋرىشكىلەرنى تەكشۈرۈپ سىناۋاتاتتى، ئانالىز قىلىۋاتاتتى.

نۇرنىسا جېجياڭ داشۆسىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، تەتقىقات يۆنىلىشى بىيو تېبابەتچىلىك ئوپتىكا ئىلمى ئىدى. دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، نۇرنىسا زەيتۇن شېخى سۇنغان نۇرغۇن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنى تاللىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)